بسم الله الرحمن الرحيم

ئىسلام ئاۋازى

6- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ ۞ أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا لَهُمْ دَرَجَاتٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَمَغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ ۞﴾.

ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئۇلار نامازنى تۇرغۇزىدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل - مالدىن (الله يولىدا) چىقىم قىلىدۇ [3]. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېئمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ [4]» (سۈرە ئەنفال 3-، 4- ئايەتلەر).

ئايەتنىڭ تەپسىرى

مۇقاتىل مۇنداق دەيدۇ: «<نامازنى تۇرغۇزۇش> دېگەننىڭ مەنىسى — نامازنىڭ ۋاقتىغا ئەھمىيەت بېرىش، تاھارەتنى كامىل ئېلىش، رۇكۇ - سەجدىلەرنى تولۇق قىلىش، نامازدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، تەشەھھۇد ئولتۇرۇش، پەيغەمبەر ﷺ گە دۇرۇت يوللاش دېگەن بولىدۇ.

<الله رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل - مالدىن (الله يولىدا) چىقىم قىلىش> دېگەننىڭ مەنىسى — زاكاتنى بېرىش، بەندىلەرنىڭ ۋاجىب، مۇستەھەب ھەقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى الله قا مۇھتاج بەندىلەردۇر. مەخلۇقاتلارنىڭ الله قا ئەڭ مەھبۇبراقى الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىغا مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىراقىدۇر».

الله نىڭ «بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل - مالدىن (الله يولىدا) چىقىم قىلىدۇ» دېگەن ئايىتى ھەققىدە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «الله سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىدىن چىقىم قىلىڭلار. ئى ئادەم بالىسى! ھەقىقەتەن بۇ ماللار سېنىڭ قېشىڭدا قويۇلغان ئامانەت ۋە ئارىيەتتۇر. سەن بۇ مالدىن تېزلا ئايرىلىپ قېلىشىڭ مۇمكىن».

الله نىڭ «ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر» دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرى: يەنى ئۇلار زاھىرى ۋە باتىنىدا باراۋەر بولغان كىشىلەردۇر. بۇ ھەقتە ھارىس ئىبنى مالىك ئەنسارىي رضي الله عنه بىر ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھارىس بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھارىسقا: <ئى ھارىس، قانداق تاڭ ئاتتۇردۇڭ؟> دەپ سورىدى. ئاندىن ھارىس: <ھەقىقىي مۇئمىن ھالەتتە تاڭ ئاتتۇردۇم> دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئېيتقان سۆزۈڭگە قاراپ باق! شەك - شۈبھىسىزكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ ھەقىقىتى بار، ئىمانىڭنىڭ ھەقىقىتى نېمە؟> دېدى. ھارىس: <ئۆزۈمنى ۋە دۇنيانى تونۇدۇم. ئاندىن كېچىنى ئۇيقۇسىز، كۈندۈزنى ئۇسسۇز (كېچىسى قىيامدا، كۈندۈزى روزىدار) ئۆتكۈزدۈم. خۇددى مەن رەببىمنىڭ ئەرشىگە ئوپئوچۇق قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك؛ جەننەت ئەھلىگە قاراپ، جەننەت ئەھلىنىڭ بىر - بىرىنى زىيارەت قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقاندەك؛ دوزاخقا قاراپ، دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاختا ئاھۇ - زار قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقاندەك> دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: <سەن ئىماننى تونۇپسەن، ئۇنى لازىم تۇتقىن!> دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى».

الله تعالى نىڭ «ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېئمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ» دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرى: ئۇلار ئۈچۈن جەننەتلەردە يۇقىرى دەرىجىلەر ۋە ئېسىل مەرتىۋىلەر باردۇر. دېمەك، جەننەتتە مۇئمىنلەرنىڭ دەرىجىسى پەرقلىق بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىمام زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: «جەننەت ئەھلى بەزىسى بەزىسىدىن ئۈستۈندۇر. پەزىلەتلىك قىلىنغان كىشى ئاستىدىكى كىشىنىڭ ئۆزىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ ۋە ئاستىدىكى كىشى مەندىن بىر ھەسسە ئارتۇق دەپ ئويلىمايدۇ».

بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن جەننەتتە ئىللىيون ئىگىلىرىنى ئۇلاردىن تۆۋەن دەرىجىدىكى كىشىلەر خۇددى سىلەر ئاسمان ئۇپۇقلىرىدا ئاقار يۇلتۇزنى كۆرگىنىڭلاردەك كۆرىدۇ» ساھابىلەر: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ باشقىلار ئېرىشەلمەيدىغان پەيغەمبەرنىڭ مەرتىۋىلىرىمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنداق ئەمەس، جېنىم قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ — الله تعالى غا ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلغان ئادەملەرنىڭ مەرتىۋىسىدۇر» دېدى.

ھەدىس ئۈنچىلىرى

«عَلَيْكُمْ بِالْجِهَادِ فِي سَبِيلِ اللهِ فَإِنَّهُ بَابٌ مِنْ أَبْوَابِ الجَنَّةِ يُذْهِبُ اللهُ بِهِ الهَمَّ وَالْغَمَّ» عن أبي أمامة (طس).

ئەبۇ ئۇمامە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا جىھاد قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن الله يولىدىكى جىھاد — جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىك بولۇپ، الله تعالى ئۇ ئارقىلىق غەم - قايغۇلارنى كەتكۈزىدۇ» (تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ).

ھەدىسنىڭ شەرھىيسى

بۇ ھەدىس «جامىئى سەغىر»دە مۇنداق شەرھلەنگەن: «سىلەر دۇنيا غەرەزلىرىدىن خالىي ھالەتتە الله نىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جىھادنى لازىم تۇتۇڭلار. كىمكى شۇ مەقسەتتە جىھاد قىلسا الله يولىدىكى مۇجاھىد ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ جىھاد — ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىش ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىكتۇر. الله نىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش قەلبتىن ئىچ پۇشۇق، غەم - قايغۇ كىرلىرىنى كەتكۈزىدۇ. دېمەك، جىھاد — غەم - قايغۇ ۋە ئىچ - پۇشۇق كېسەللىكىنى داۋالاشنىڭ دورىسىدۇر».

دىنىي ئەھكاملار

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىسلامدا ياخشى بىر سۈننەت (يەنى يول)نى يول قىلىپ قويىدىكەن، ئۇ كىشىگە شۇ يولنىڭ ئەجرى ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىنكى شۇ يولغا ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئەجرى ھېچنەرسە كېمەيمەستىن يېتىپ بارىدۇ؛ كىمكى ئىسلامدا يامان بىر يولنى يول قىلىپ قويىدىكەن، ئۇ كىشىگە شۇ يولنىڭ گۇناھى ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىنكى شۇ يولغا ئەمەل قىلغانلارنىڭ گۇناھى ھېچ نەرسە كېمەيمەستىن يېتىپ بارىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

شۇڭا بىر ئىشنى باشلاپ قويۇپ، ئۇ ئىشقا ئۆزىدىن كېيىنكى قەۋم ئەمەل قىلغان ھەر قانداق بىر كىشىگە هُوَ سَنَّهُ (ئۇ كىشى ئۇ ئىشنى يول قىلىپ قويدى) دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

سوئال: «سۈننەت» دېگەن سۆزنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: «سۈننەت» دېگەن سۆز ئەقىدە ئىستىلاھىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئېتىقاد، سۆز، ئەمەل ۋە سۈكۈت جەھەتتە تۇتۇپ ماڭغان يولىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبادەت ۋە ئېتىقاد يوللىرىغىمۇ «سۈننەت» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ. «سۈننەت» دېگەن سۆزگە قارشى مەنىدىكى سۆز «بىدئەت»تۇر». پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن كىمكى مەندىن كېيىن ياشاپ قالىدىكەن، پات ئارىدا كۆپ ئىختىلاپنى كۆرىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ سۈننىتىمنى (يەنى يولۇمنى، مەنھەجىمنى)، توغرا يول تاپقان ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان خەلىپىلىرىمنىڭ سۈننىتىنى (يولىنى، مەنھەجىنى) لازىم تۇتۇڭلار» (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ).

سۈننەت — فىقھى ئىستىلاھتا قىلسا ساۋاب بولىدىغان، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئىشلار بولۇپ، بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەردىن كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئۇقۇمدۇر.

سوئال: «جامائەت» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: «جامائەت» دېگەن سۆز «الجمع» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغاندۇر. «الجمع» دېگەنلىك — بىر شەيئىنىڭ بەزىسىنىڭ بەزىسىگە يېقىن بولۇشى ئارقىلىق جەملىنىشىدۇر. مەسىلەن، جمعته، فاجتمع (ئۇنى جەملىگەن ئىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەملەندى).

«الجماعة» دېگەن سۆز «التفرق» ۋە «الفرقة» دېگەن سۆزگە قارشى مەنىدىكى «الإجتماع» دېگەن سۆزدىن شاخلىنىپ چىققاندۇر.

جامائەت دېگەن — كۆپ سانلىق ئىنسانلاردىن تەشكىل تاپقان كىشىلەر توپىدۇر ھەمدە بىر مەقسەت ئۈچۈن جەملەشكەن بىر تائىپە كىشىلەردۇر.

«الجماعة» دېگەن سۆز يەنە مەلۇم بىر ئىش ئۈستىگە جەملەشكەن قەۋمنى ھەم كۆرسىتىدۇ.

سوئال: «جامائەت» دېگەن سۆزنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: «جامائەت» دېگەن سۆز — ئىستىلاھى مەنىدە ساھابىلەردىن، تابىئىنلاردىن ۋە ئۇلارغا قىيامەتكە قەدەر راستچىللىق، ئىخلاس ۋە ئېھسان بىلەن ئەگەشكەن، كىتاب ۋە سۈننەت ئۈستىدە بىرلەشكەن؛ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يولىغا ئېتىقاد، ئىلىم، ئەمەل جەھەتتە قەلبى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ئەگەشكەن ئادالەتلىك ئىماملاردىن تەشكىل تاپقان ۋە مۇشۇ ئۈممەتنىڭ سەلەفلىرىدىن بولغان مۇسۇلمانلار جامائىتىنى كۆرسىتىدۇ.

الله تعالى ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىنى جامائەت بولۇشقا، بىرلىشىشكە، ئۆزئارا ھەمكارلىششقا بۇيرۇپ ھەم قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنى بۆلگۈنچىلىكتىن، ئىختىلاپتىن، ئۆزئارا توقۇنۇشۇشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: ﴿وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا﴾ «ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناساralar ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)» (سۈرە ئال ئىمران 103- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دېدى: ﴿وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ تَفَرَّقُوا وَاخْتَلَفُوا مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَهُمُ الْبَيِّنَاتُ وَأُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناساralar) دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (سۈرە ئال ئىمران 105- ئايەت).

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بۇ ئۈممەت پات ئارىدا 73 پىرقىگە بۆلۈنىدۇ. 72 پىرقە دوزاختا بولىدۇ، بىر پىرقىسى جەننەتتە بولىدۇ. جەننەتتە بولىدىغان بىر پىرقە بولسا <جامائەت>تۇر» (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ۋە قوماندانلىقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

بۇ سەپەرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن 310 نەچچە ئادەم (مۇھاجىرلاردىن 82~83 ياكى 86 ئادەم، ئەۋس قەبىلىسىدىن 61 ئادەم، خەزرەج قەبىلىسىدىن 170 ئادەم) چىققان ئىدى.

مۇسۇلمانلار بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزمىگەن ھەم تولۇق تەييارلىق قىلمىغان بولۇپ، مۇسۇلمانلاردا پەقەت ئىككىلا ئات بار ئىدى. بىرى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رضي الله عنه نىڭ، يەنە بىرى مىقداد ئىبنى ئەسۋەد كىندى رضي الله عنه نىڭ ئېتى ئىدى. مۇسۇلمانلاردا 70 تۆگە بار بولۇپ، ئىككى ياكى ئۈچ ئادەم بىر تۆگىگە ئالمىشىپ مىنەتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئومۇمىي قوماندانلىق بايرىقىنى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رضي الله عنه غا تۇتقۇزدى. بۇ بايراقنىڭ رەڭگى ئاق ئىدى.

قوشۇننى ئىككى قىسىمغا بۆلدى:

1. مۇھاجىرلار قىسمى: بۇ قىسىمنىڭ بايرىقىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنه غا تۇتقۇزدى. بۇ بايراقنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، «ئىقاب» دەپ ئاتىلاتتى (يەنى قىساس ئېلىش دېگەن مەنىدە).

2. ئەنسارلار قىسمى: بۇ قىسىمنىڭ بايرىقىنى سەئىد رضي الله عنه غا تۇتقۇزدى. بۇ بايراقنىڭ رەڭگى قارا ئىدى.

قوشۇننىڭ ئوڭ قانات قوماندانلىقىغا زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رضي الله عنه نى، سول قانات قوماندانلىقىغا مىقداد رضي الله عنه نى تەيىنلىدى. چۈنكى ئۇ ئىككىسى قوشۇندىكى بىردىنبىر ئاتلىق ئىدى. ئارقا سەپ قوماندانلىقىغا قەيس ئىبنى ئەبۇ سەئسە رضي الله عنه نى تەيىنلىگەن ئىدى. ئومۇمىي قوماندانلىق رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قولىدا ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بەسبەسە ئىبنى ئەمرۇل جۇھەنى ۋە ئەدى ئىبنى ئەبۇ زەئبائىل جۇھەنى رضي الله عنهما لارنى بەدرىگە كارۋاننىڭ خەۋىرىنى ئىگىلەشكە ئەۋەتتى.

سەپەر جەريانىدا سەپرا (سەپرا ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كەنت) دېگەن ئورۇنغا يېقىنلاشقان ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ ئىككى تاغنىڭ ئىسمى نېمە؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر: «بىرىنىڭ ئىسمى <مسلح> (يەنى <ماياق>)، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى <محرى> (يەنى <خالا>)» دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىككى تاغنىڭ ئاھالىسى ھەققىدە سورىدى. ساھابىلەر: «<بنوالنار> (يەنى ئوت قۇيرۇقى)، يەنە بىرى <بنوحراق> (يەنى ئوت قويغۇچىلار)» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كەنتتىن ئۆتۈشنى يامان كۆردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئىككى تاغ ئەھلى ۋە ئىسمىدىن شۇملاندى - دە، سەپرا دېگەن ئورۇننى سولدا قالدۇرۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى زەپىران دېگەن ئويمانلىقتىن ماڭدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

شەرقىي تۈركىستان يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر مۇجاھىدلاردىن سادىر پالۋان

ئىبراھىم مەنسۇر

1640- يىلى مۇڭغۇللارنىڭ غەربىي تارمىقىنىڭ ئويرات قەبىلىسى ئالتاي تېغىنى مەركەز قىلغان ھالدا جۇڭغار خانلىقىنى قۇردى.

سەئىدىيە خانلىقى (1514- يىلى قۇرۇلغان) 1682- يىلى ماۋرائۇننەھرلىك سوفىلارنىڭ ئەۋلادى بولغان ھىدايىتۇللاھ ئىشان بىلەن جۇڭغارلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن يىقىتىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇڭغۇللارنىڭ قولىغا قالدى. بۇ مۇڭغۇللار ئۆزى تۇرۇۋاتقان يايلاق، ۋادىلارنىڭ ئاشلىقىنى باشقا جايدىن يۆتكەپ كېلىشتەك كەمچىلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مەجبۇرى ھالدا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايلارغا ئىشلەمچىلىككە يۆتكەپ ئەكېلىشتى. بۇ شۇ دەۋردىكى ياۋروپا، ئامېرىكىلىقلار تەرىپىدىن ئافرىقىدىن مەجبۇرى تۇتۇلۇپ قۇل قىلىپ يۆتكەلگەن ھەبەشلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشايتتى. مەجبۇرى تۇتۇپ كېلىنىپ تېرىقچىلىققا سېلىنغان بۇ ئۇيغۇر دېھقانلار مۇڭغۇللار تەرىپىدىن «تارا ئاچىن» دەپ ئاتالغان ئىدى. بۇ — «تېرىقچىلار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كېيىنچە شەرقىي تۈركىستان تىلىغا ئۆزگىرىپ «تارانچى» دەپ مۇقىملىشىپ قالدى.

1757- يىلى چىڭ سۇلالىسى (1616—1912) جۇڭغار خانلىقىنى بېسىۋالدى ۋە شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز كونتروللىقىغا ئالدى. ئۇلار 1762- يىلى 10- ئايدا ھازىرقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى باشقۇرىدىغان ئىلى گوبېرناتۇرلىقىنى① قۇرۇپ چىقتى ۋە ئۇ يەرگە كۈرە شەھىرىنى سالدى. ئاندىن كېيىن مۇڭغۇللاردىن قالغان ئادەت بويىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىدىن ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرى ھالدا تېرىقچىلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن يۆتكەپ كېلىپ ئىلى دەريا ۋادىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ھەر 100 ئائىلىنى② بىر بىرلىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقتى ھەمدە بۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن 1762- يىلى ھازىرقى غۇلجا شەھىرىنى بەرپا قىلدى.

مانجۇلار يەنە ئۆزلىرىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ھەرۋاقىت دېگۇدەك قىرغىن قىلىپ، ئېشىپ قالغىنىنى بۇ رايونلارغا سۈرگۈن قىلىپ، تارانچىلار مەھەللىلىرىگە تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن تارانچىلارنىڭ سانى يىلسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. 1768- يىلىلا ئىلى دەرياسى بويىدىكى تارانچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 8 مىڭ ئائىلىگە يەتكەن ئىدى. بۇنداق مەجبۇرى كۆچۈرۈش جەريانىدا بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى مۇشەققەتلىك پىيادە سەپەرلەردە مانجۇلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى تۈپەيلى يوللاردا ۋاپات بولغان ۋە جەسەتلىرى تاغ - چۆللەردە قېلىپ قالغان ئىدى.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار.
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىبقا غېرىب يىغلار.

دېگەن قوشاق دەل تارانچىلارنىڭ كۆچۈش سەپىرى جەريانىدا ئىجاد قىلىنغان.

بۇ تارانچىلارنىڭ ئىچىدىن مانجۇلار تۇنجى تۈركۈمدە 6 مىڭ ئائىلىنى كۆچۈرۈپ چىققان ئىدى. بۇ كۆچۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىچىدە خوتەن قارىقاشلىق ئەھمەدمۇ بار بولۇپ، ئۇ قاراقاشلىقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قاش مەھەللىسىگە بېرىپ جايلاشقان، سادىر پالۋان 1798- يىلى شۇ ئەھمەد قاراقاشنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

بۇ تارانچىلار ئۈستىدىكى زۇلۇم ئېغىرىغا ئالغۇسىز دەرىجىدە قاتتىق ۋە ئېغىر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاخىرى تاغلارغا قېچىپ چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. بۇلارنى مانجۇلار «قاچاقلار» دەپ ئاتايتتى. سادىرمۇ چوڭ بولۇپ ئۆزۈن ئۆتمەي شۇ قاچاقلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

بۇ قاچاقلارنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن مانجۇلار ھەر ۋاقىت تاغلارغا ئەسكەر چىقىرىپ تۇراتتى ۋە بۇ ئەسكەرلەر بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولۇپ تۇراتتى. ئاخىر سادىر شۇ جەڭلەردە يۇرۇپ جەسۇرلۇقىدىن ۋە جەڭگە ماھىرلىقىدىن «سادىر پالۋان» دەپ ئاتالدى. ئۇ بۇ جەڭلەردە يۇرۇپ بىر نەچچە قېتىم ئەسىرگە چۈشتى ۋە ھەر قېتىم دېگۈدەك سولانغاندا زىنداندىن قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى تارانچىلار ئىچىدە تېخىمۇ مەشھۇر بولۇپ كەتتى.

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا،
قۇمۇل ۋاڭغا③ پالانغان.

يامۇلدا④ تولا يېتىپ،
چېچىم بىر قۇچاق بولدى.
مەن يامۇلنى تەشكەندە،
قوۋۇرغا⑤ پىچاق بولدى.

ئات مىندىم چىلان قاشقا،
چاپتۇردۇم تاشتىن - تاشقا.
چېرىك⑥ ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

بۇلار ئەينى ۋاقىتتا سادىر پالۋان تەرىپىدىن ئىجاد قىلىندى دەپ قارالغان قوشاقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى قىسمەن بولسىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەينى دەۋردىكى سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسى ئارقىسىدا 1864- يىلى 10- ئاينىڭ 13- كۈنى ئىلى ۋادىسىدا جىھاد باشلاندى. بۇ ۋاقىتتا كۇچا جىھادى (1864- يىلى 6- ئاينىڭ 4- كۈنى باشلانغان)، خوتەن جىھادى (1864- يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 22- كۈنى باشلانغان)، قەشقەر جىھادى (1864- يىلى) ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. سادىر پالۋان باشچىلىقىدىكى مانجۇلارغا قارشى كۈچ بۇ ۋاقىتتا مۇجاھىدلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا 1761- يىلىدىن 1780- يىلىغىچە مانجۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 9 جايغا شەھەر قۇرۇپ ئورۇنلاشقان ئىدى. بۇلار — كۈرە، غۇلجا، سۈيدۈڭ، باياندای، قورغاس، تەلكە، لوسىگۇڭ، چىڭسىخوزا، چىلپاڭزا دەپ ئاتىلاتتى. مۇجاھىدلار 10- ئاينىڭ 13- كۈنى كەچتە ئاۋۋال تۈركىستانلىقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان غۇلجا شەھىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى ۋە مۇكەممەل فەتىھ قىلدى.

10- ئاينىڭ 14- كۈنى مۇجاھىدلار چىلپاڭزىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى شۇ كۈنىلا فەتىھ قىلدى. ئاندىن ياماتۇدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىنى توسۇپ زەربە بېرىپ ئۇلارنى تولۇق يوقىتىپ مىڭدەك ئاتنى غەنىيمەت ئالدى.

1864- يىلى 12- ئايدا ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلۇپ سۇلتان، ھەربىي قوماندان، باش قازى، مۇفتىلار تەيىنلەندى ھەمدە بۇلار كۇچا قاتارلىق جايلارغا ۋەكىللەرنى ئەۋەتىپ باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئالاقە ئورنىتىشقا كۆپ تىرىشتى.

مۇجاھىدلار شۇنىڭدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاغ - ئېدىرلىرىغا جايلاشقان نۇرغۇن ھەربىي تېرىقچىلىق بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ھەممىسىنى مۇكەممەل قولىغا ئالدى.

1865- يىلى 1- ئاينىڭ 24- كۈنى مۇجاھىدلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ بايانداىغا ياردەمگە كەلگەن 71 مىڭ 300 ئەسكىرى بىلەن بايانداىغا يېقىن ئېدىرلىقتا ئۇرۇشۇپ غەلىبە قىلدى.

بۇ ئۇرۇشتا 76 دانە زەمبىرەك، 60 هارۋا ئوق - دورا ۋە نۇرغۇن ئوزۇق - تۈلۈك غەنىيمەت ئېلىندى (تەپسىلاتىنى «ئىلى تارىخى» ئىمىنجان باھاۋۇددىن يازغان، ئۇيغۇرچە 32- بەت؛ «غازات دەر مۈلكى چىن» موللا بىلال يازغان، ئۇيغۇرچە 71- بەت؛ «ئۇيغۇر تارىخى» 2- قىسىم، لىيۈزىشياۋ يازغان، ئۇيغۇرچە 250- بەتتىن كۆرۈۋېلىڭ).

1865- يىلى 2- ئاينىڭ 9- كۈنى مۇجاھىدلار بايانداىغا باستۇرۇپ كىردى. ئۈچ كېچە - كۈندۈزلۈك شەھەر ئۇرۇشىدىن كېيىن باياندای شەھىرى تولۇق فەتىھ بولدى، باياندایىنىڭ قوماندانى زالىم مۇكدىڭ ئۆلتۈرۈلدى، نۇرغۇن ھەربىي لازىمەتلىكلەر غەنىيمەت ئېلىندى.

1865- يىلى قىشتا مۇجاھىدلار نىشانىنى بۇراپ سۈيدۈڭ، قورغاس، چىڭسىخوزا، تەلكە، لوسىگۇڭنى فەتىھ قىلدى.

1866- يىلى 2- ئايدا مۇجاھىدلار نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك كۈچ بىلەن مانجۇ كاپىرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باش مەركىزى بولغان كۈرەگە بىرنەچچە يەردىن ھۇجۇم باشلىدى. 3- ئاينىڭ 8- كۈنى مۇجاھىدلار كۈرەنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. دەھشەتلىك كوچا ئۇرۇشىدىن كېيىن كۈرە مۇكەممەل فەتىھ قىلىندى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا گوبېرناتۇر قىلىپ تەيىنلەنگەن گېنېرال مىڭ شۈي بالا - چاقىلىرى بىلەن بىرگە ئۆزىنى پارتلىتىپ ئۆلۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيەت ئورنى پۈتۈنلەي كۆزدىن يوقالدى.

ئىلى دەرياسى ۋادىسى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي باشسىز قالدى. بۇ ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەر خانلىقىنى قۇرۇشىغا ھەم ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى. ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ كەلىمە يېزىلغان يېشىل بايرىقى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى قاپلىدى.

ئىلى ۋادىسىدا جىھاد باشلانغاندىن تارتىپ تاكى كۈرە شەھىرىنىڭ ئېلىنىشىغىچە

بولغان تەخمىنەن بىر يېرىم يىللىق كەسكىن ئۇرۇشلار جەريانىدا سادىر پالۋان ئاجايىپ زور ئۇرۇش نەتىجىلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى.

بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى 3 جەھەتتە نۇقتىلىق ئىپادىلەنگەن:

1. ئۇرۇش جەريانىدىكى كۈچلۈك شەخسىي قەھرىمانلىقى.

ئۇ ئوق ئېتىشتا مەرگەن، يۈزمۇيۈز جەڭدە كۆپكە تېتىيدىغان پەھلىۋان جەڭچى ئىدى. شۇ تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدا بولۇشى كاپىرلارغا زور بىر تەھدىت ئىدى.

2. يېقىنقى زامان شەرقىي تۈركىستان جىھادى تارىخىدىكى كۈچلۈك پارتلىتىش قابىلىيىتى.

ئۇ باياندای، كۈرە قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنىڭ فەتھىسىدە ھەر ۋاقىت لەخمە كولاپ ماددا قويۇپ، مۇداپىئەسى قاتتىق، پۇختا سېپىللارنى بىر نەچچە قېتىم زور كۆلەمدە پارتلىتىپ كاپىرلارنىڭ مۇداپىئە سىستېمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، داغدام يوللارنى ئېچىپ، مۇجاھىدلارنىڭ ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە، باستۇرۇپ كىرىشىگە ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەردى. ئۇ بۇ پارتلىتىشلارنى ھەر قېتىم ناھايىتى پۇختا ۋە نەتىجىلىك ئورۇنلىدى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھەيۋىتى ۋە تەسىرى پەۋقۇلئاددە چوڭ بولغان ئىدى.

بۇ ھەقتە خىتاي تارىخچىسى لىيۈزىشياۋ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ 2- قىسمىنىڭ 248- ۋە 249- بەتلىرىدە مۇنداق يازغان: «قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئۆزلىرىنىڭ قورال - ياراقلىرىغا تايىنىپ بايانداىدەك ناھايىتى مۇكەممەل مۇداپىئەلەنگەن قەلئەنى ئىشغال قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى... سادىر پالۋان ھەمراھلىرىنى باشلاپ ئون نەچچە كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ سېپىلنىڭ تېگىگىچە بىر لەخمە كولاپ چىقتى. سادىر پالۋانلار قىلىۋاتقان بۇ ئىشنىڭ سىرىنى قاتتىق ساقلىدى... پارتلىتىش ناھايىتى نەتىجىلىك بولدى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نۇسخا).

253-، 276- بەتلىرىدە يەنە مۇنداق يازغان: «سادىر پالۋان ئاۋۋالقى قېتىم ئاچقان لەخمىلەر پايدىلىنىپ سېپىلنىڭ تېگىگە يېقىنلاشقاندا يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، پارتلاتقۇچ دورا قويىدىغان جاينى بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق كېڭەيتتى. سادىرنىڭ قىلغان ئىشى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. پارتلىتىپ تاشلانغان سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى نەچچە جاڭغا⑦ يېتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى يوچۇقنى توسۇۋېلىشقا قەتئىي ئۈلگۈرەلمىدى. 1865- يىلى 2- ئاينىڭ 9- كۈنى قوزغىلاڭچى قوشۇن سادىر پالۋان پارتلىتىپ ئاچقان سېپىل يوچۇقىدىن بايانداي قەلئەسىگە بۆسۈپ كىردى».

«كۈرە سېپىلىنى پارتلىتىش ۋەزىپىسى سادىر پالۋانغا تاپشۇرۇلدى. سادىر پالۋان ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن جىددىي ئىشلەپ قەلئەنىڭ شەرق ۋە شىمالىدا سېپىلنىڭ تېگىگە بىر قانچە يول لەخمە كولىدى. لەخمىلەرگە قوزغىلاڭچى قوشۇندا بار ھەممە پارتلاتقۇچ دورىنى سالدى... قاتتىق پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ ئاسمان - پەلەكنى چاڭ - توزانلار قاپلاپ كەتتى. قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەر كەلكۈن سۈيىدەك شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن سېپىلنىڭ يوچۇقلىرىغا ئېتىلىپ بېرىپ قەلئە ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى... بۇنىڭ بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى قالمىدى».

3. كاپىرلارنى ئالداپ ئۇرۇش قىلىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى.

ئۇ كەمىن ۋە دالا ئۇرۇشلىرىدا، شەھەر - بازارلارغا قىلىنغان كەڭ - كۆلەملىك ھۇجۇملاردا ئاجايىپ تاكتىكىلارنى قوللىنىپ دۈشمەننى مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراتتى. مەسىلەن، مۇجاھىدلار چىلپاڭزىغا ھۇجۇم قىلغاندا نەچچە ئونلىغان ئۆچكىلەرنىڭ مۈڭگۈزىگە شام باغلاپ، قۇيرۇقلىرىغا پاقىلداق (يەنى پوجاڭ) چېگىپ، قەلئە تەرەپكە قويۇپ بەرگەن. يورۇپ تۇرغان كۆپلىگەن شام بىلەن تەرەپ - تەرەپتىن توختىماي ئېتىلىۋاتقان پاقىلداق ئاۋازىنى ئاڭلىغان كاپىرلار مۇجاھىدلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا تېزلا تەسلىم بولغان.

رۇسلارنىڭ ئىستىخبارات خىزمەتچىلىرى ۋە ھوقۇقپەرەس بەزى مەسئۇللارنىڭ سەۋەبى بىلەن مۇجاھىدلار ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆچىيىپ كەتكەندىن كېيىن، 1867- يىلى ياشنىپ قالغان سادىر پالۋان جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقىپ ھاياتىنىڭ قالغان ۋاقتىنى ئائىلىسىدە ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. 1871- يىلى 5- ئاينىڭ 19- كۈنى سادىر پالۋان كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ بەش ئوغۇل، ئىككى قىزى بولغان.

ئىزاھات: ① گوبېرناتۇر — ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇق ھەربىيلەر تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان ھاكىمىيەت شەكلى.

② ھەر 100 ئائىلە بىر بىرلىك — ھازىرقى ئىلى ۋىلايىتىدىكى جىلىيۈزى، تۇرپانيۈزى، كېپەكيۈزى... قاتارلىق جاي ئىسىملىرى ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

③ قۇمۇل ۋاڭ — قۇمۇل سۇيۇرغاللىقى.

④ يامۇل — مانجۇچە سۆز. مەنىسى — ھەربىي مەمۇرى ئەمەلدارلار تۇرىدىغان ھاكىمىيەت سىستېمىسى توپلاشتۇرۇلغان ئورۇن.

⑤ قوۋۇرغا پىچاق — سادىر بىر قېتىم زىنداندىن قوۋۇرغا سۆڭەكتىن پايدىلىنىپ تام تېشىپ قېچىپ چىققان، بۇ يەردە شۇ سۆڭەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑥ چېرىك — مانجۇچە سۆز. ھۆكۈمەت ئەسكىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ جاڭ — خىتايچە ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.

پەزىلەتلىك شەيخ ئەلى ئىبنى ئابدۇراھمان ھۇزەيفى

2009- يىلى 2- ئاينىڭ 25- كۈندىكى جۇمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

پەيغەمبەر ﷺ مەسجىدىنىڭ ئىمامى الله قا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ﷺ گە دۇرۇت - سالام يوللىغاندىن كېيىن جۇمە نامىزىغا جۈغلاشقان يۈزمىڭلارچە جامائەتكە «ئىنسان ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك نېئمەتتە ياكى دەھشەتلىك، ئەلەملىك ئازابتا بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئۈچۈن بۇ دۇنيادىن باشقا مەڭگۈلۈك نېئمەتلىنىدىغان ياكى دائىملىق دەرد - ئەلەم ۋە ئازاب چېكىدىغان ھاياتلىق باردۇر. بۇ يېقىندا بولىدىغان ئىشتۇر. كېچە - كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ داۋاملىشىشى ئىنسانلارنى مەلۇم بىر مۇددەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەجەل بۇ دۇنيادىكى جانلىقلارنىڭ ئاخىرقى نىشانىدۇر. الله تعالى مۇنداق دېگەن: «زېمىندىكى ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ [26]. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ [27]» (سۈرە رەھمان 26-، 27- ئايەتلەر).

ئۆلۈمنى ھېچقانداق كىشى ئىنكار قىلمايدۇ. مۇئمىن ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىپ ياشايدۇ، فاجىر - كاپىرلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۇلارنىڭ ھاياتىدا بۇرۇلۇش پەيدا قىلىپ، نەتىجىدە دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىكىدىن زىيان تارتىدۇ. ھەقىقەتەن ئەمەللەرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن دۇنيالىق ھاياتى ئىسلاھ بولىدۇ، ئەمەللەرنىڭ ناچار - قەبىھلىكى بىلەن دۇنيالىق ھاياتى ئۆزگىرىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «ئەر - ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز» (سۈرە نەھل 97- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ھەقىقەتەن (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى - خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراب بولغان بولاتتى» (سۈرە مۇئمىنۇن 71- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

بۇ سىناق دۇنياسى ئۆز ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغان كىشى ئۈچۈن ياخشىلىق، شەھۋەتلىرىگە ئەگىشىپ ئېزىپ كەتكەن كىشىلەر ئۈچۈن ھەسرەت - نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ مۈلكىدۇر، الله يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ» (سۈرە نەجم 31- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! الله نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى الله نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار» (سۈرە لوقمان 33- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

دۇنيادا بىر جەننەت بولۇپ، كىمكى ئۇنىڭغا كىرىدىكەن ئۇ كىشى ئاخىرەتتىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇ بولسا الله نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، چەكلىمىسىدىن يېنىپ تائەت - ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

الله تعالى ئاخىرەتتە جەننەت ئەھلىگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر» (سۈرە زۇخرۇف 72- ئايەت).

ئۆزىنىڭ نەپسىنى شەھۋەت ئوتىدا كۆيدۈرگەن كىشىلەر ئاخىرەتتە دەھشەتلىك دوزاخقا كىرىدۇ. ھەدىس - شەرىفتە: «جەننەت كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان ئەمەللەر بىلەن؛ دوزاخ ئىنساننىڭ نەپسى، شەھۋىتى ياقتۇرىدىغان ئەمەللەر بىلەن قورشالغان» دېيىلگەن.

ئى مۇسۇلمانلار! ئەمەللىرىڭلارنى خالىس (چوڭ - كىچىك شېرىكتىن خالىي) ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق ھالدا قىلىش ئارقىلىق الله تىن جەننەتنى تەلەپ قىلىڭلار. كىمكى ئۆز ئەمەللىرىنى ئىخلاس بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن قىلمايدىكەن، ئۇ كىشى الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولغان بولىدۇ.

الله تعالى ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ بەسلىشىپ ياخشىلىقلا قىلىشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن جەننەتنى گويا كۆز بىلەن كۆرگەندەك سۈپەتلەپ بەردى. بۇنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزى ئىسپاتلايدۇ: «جەننەتكە قەدەم بېسىشقا تەييارلانغانلار بارمۇ؟ كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، جەننەتتە ھېچقانداق خەتەر يوق. نۇرلار چاقناپ تۇرىدىغان، رەيھان گۈللەر يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان كەڭرى كەتكەن قەسىرلەر، ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇلار، مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەر، رەڭمۇ - رەڭ كىيىملەرنى كىيگەن گۈزەل نازىنىن قىزلار تەييارلانغان؛ مەڭگۈلۈكنىڭ دىيارى بولغان، تىنچلىق، مولچىلىق، يېشىللىق، قەلبكە راھەت بېغىشلايدىغان، كۆزنى چاقنىتىدىغان نېئمەتلەرنىڭ ماكانىدۇر». ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ھەممىمىز جەننەتكە كىرىشكە تەييارمىز» دېيىشتى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا: «الله خالىسا دەڭلار» دېدى. ئۇلار: «الله خالىسا» دېيىشتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ﷺ دىن جەننەتتىكى ئىمارەتلەرنى سۈپەتلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «جەننەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر خىشى ئالتۇندىن، يەنە بىر خىشى كۈمۈشتىن، خىشلارنىڭ ئارىسىدىكى سۇۋاق لايلىرى مىسكى ئەنبەردىن، توپىلىرى زەپەردىن، تاشلىرى مەرۋايىت - ياقۇتلاردىن بولۇپ، جەننەتكە كىرگەن كىشى نېئمەتلىنىدۇ، مەھرۇم بولمايدۇ؛ مەڭگۈ ياشايدۇ، ئۆلمەيدۇ؛ كىيىملىرى يىرتىلمايدۇ، ياشلىقى يوقالمايدۇ» دېدى.

جابىر رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلى جەننەتتە يەيدۇ، ئىچىدۇ، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، بەلغەم بولمايدۇ. ئۇلار كېكىرگەندە مىسكى - ئەنبەر كېكىرىدۇ، نەپەس ئېلىشىنىڭ ئورنىغا ھەمدۇ - تەسبىھلەر ئىلھام قىلىنىدۇ».

ئەنەس رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەتىگەن ياكى ئاخشامدا الله يولىدا جىھاد قىلىش ــــ دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ياخشىدۇر. سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى قامچا چاغلىق ئورنى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ياخشىدۇر. جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ھۆر قىز ئەگەر زېمىنغا نەزەر سالىدىغان بولسا دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى نۇرغا چۆمدۈرۈپ، خۇشپۇراققا تولدۇرۇۋېتەتتى. ئۇ قىزنىڭ بېشىدىكى ياغلىقى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ياخشىدۇر».

جەرىر ئىبنى ئابدۇللا رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەر ھازىر قىينالماستىن 15 كۈنلۈك تولۇن ئاينى قانداق كۆرگەن بولساڭلار، قىيامەت كۈنىمۇ رەببىڭلارنى شۇنداق ئوچۇق كۆرىسىلەر».

ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن دوزاختىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشىنى بىلىمەن. ئۇ كىشى دوزاختىن ئۆمىلەپ چىققاندا، الله ئۇ كىشىگە: <جەننەتكە كىرگىن> دەيدۇ. ئۇ كىشى جەننەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز كۆڭلىدە جەننەت توشۇپ كەتكەندەك بولۇپ قايتىپ كېلىپ: <ئى رەببىم! جەننەت توشۇپ كېتىپتۇ> دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا يەنە: <جەننەتكە كىرگىن> دەيدۇ. ئۇ كىشى جەننەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز كۆڭلىدە جەننەت توشۇپ كەتكەندەك بولۇپ قايتىپ كېلىپ: <ئى رەببىم! جەننەت توشۇپ كېتىپتۇ> دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا: <بارغىن! سەن ئۈچۈن دۇنيا ۋە دۇنيانىڭ 10 باراۋېرىدە جەننەتتىن ئورۇن بەردىم> دەيدۇ، ئۇ كىشى: <ئى رەببىم! سەن مېنى مەسخىرە قىلىپ زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟> دەيدۇ». سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈپ كېتىپ: «مانا بۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئورنىدۇر» دېدى.

الله تىن ھەممىمىزگە جەننەت ئاتا قىلىشىنى سورايمەن.

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

ئائىلىدىكى رېتسېپلار

چاچ چۈشۈشنى داۋالاش

چاچ چۈشۈش ــــ چاچ يىلتىزىنىڭ قان ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىنىش تەسىرىگە ئۇچراش، بەدەندە قان بۇزۇلۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەلۇم ئورۇندىكى چاچلار چۈشۈپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

داۋالاش رېتسېپلىرى:

1. سامساق بىر باش، خام زەنجىۋىل بىر دانە، پىياز سۈيى بىر قوشۇق. بۇلارنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈرسە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شَاء الله).

2. چاچ يۇيىدىغان سۇغا بىر قانچە تېمىم ئاچچىقسۇ قوشۇۋەتسە چاچنى پارقىرىتىدۇ.

3. شاپتۇل مېغىزىنى كۆيدۈرۈپ، يېغىنى چىقىرىپ، باش قىسمىغا سۈرتسە چاچنى ئۆستۈرۈپ قارايتىدۇ (إن شَاء الله).

پەيغەمبەر تىبابىتى
بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

قۇرۇق خورما

(پىشقاندىن كېيىن ئۈزۈۋېلىنغان خورما) (تَمْرٌ)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سەھەردە يەتتە تال ئەجۋە خورمىسى يېگەن ئادەمگە شۇ كۈنى زەھەرمۇ، سېھىرمۇ تەسىر قىلالمايدۇ» («سەھىھ بۇخارى» 5445- ھەدىس).

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خورما يوق ئۆيدىكى كىشىلەر ئاچ قالغان كىشىلەردۇر» («مۇسلىم» 5305- ھەدىس).

«پەيغەمبەر ﷺ خورمىنى سېرىق ماي بىلەن ياكى نان بىلەن ۋە ياكى يالغۇز يەيتتى» («ئەبۇ داۋۇد» 3830- ھەدىس).

خورما ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىسسىق. ئۇ بىرىنچى دەرىجىلىك ھۆلمۇ ياكى قۇرغاقمۇ؟ بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل كۆز قاراش بار. ئۇ جىگەرنى كۈچلەندۈرىدۇ، تەبىئەتنى يۇمشىتىدۇ، بولۇپمۇ شەمشاد (قارىغاي) ئۇرۇقى بىلەن يېسە گالنىڭ يىرىكلىكىنى ياخشىلايدۇ. سوغۇق رايوندىكى ئادەملەردەك ئۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەن كىشىلەر يېسە ئۇلاردا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، چىشقا زىيان قىلىدۇ ۋە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ، ئۇنى بادام ۋە كۆكنار بىلەن قايتۇرىمىز.

ئۇ بەدەنگە ئوزۇقلۇقى ئەڭ كۆپ يېمەكلىكتۇر چۈنكى ئۇنىڭدا ھۆل ئىسسىق جەۋھەر بار. ئۇنى ناشتا قىلماي يېسە مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. گەرچە ئۇنىڭدا ھارارەت بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭدا يەنە زەھەر قايتۇرغۇچى قۇۋۋەت بار. ناشتىدا خورما يېيىشنى داۋاملاشتۇرسا مەددە قۇرتنىڭ ماددىلىرىنى قۇرۇتىدۇ ۋە ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئازلىتىدۇ ياكى ئۆلتۈرىدۇ.

خورما ــــ ئۇ مېۋە، ئوزۇقلۇق، دورا، شەربەت، ھالۋا... دۇر.

ئىلىمغا مۇھەببەت، ئالىمغا ھۆرمەت

«تەرجىمانۇل قۇرئان» دەپ ئاتالغان، بۇ ئۇممەتنىڭ فىقھى ئالىمى ۋە مۇفەسسىرلەرنىڭ ئىمامى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاغىسى ئابباس بىلەن لۇبابە بىنتى ھارىس (ھارىس ئىبنى ھەزىننىڭ قىزى)نىڭ ئوغلى بولۇپ، مەككىنىڭ قول - ئىلكىدە بار كىشىلىرىدىن بىرى بولغان ئاتىسى ــــ پەيغەمبەر ﷺ دىن پەقەت بىر قانچە ياشلا چوڭ ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه ئاتىسى ياشىنىپ قالغان، باشقا پەرزەنتلىرى ئاچلىق - ئۇسسۇزلۇق ئىچىدە نالە قىلىپ، پەرياد چېكىۋاتقان بىر ۋاقىتتا دۇنياغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى مۇھاسىرە ئاستىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ قاراڭغۇلۇق ۋاقتى ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان بىر كېچە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەڭداشسىز خۇشاللىققا سەۋەب بولدى. ئۇ كېچىسى پەيغەمبەر ﷺ ھاممىسىنىڭ يېنىدا ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه پەيغەمبىرىمىز ﷺ نىڭ كېچىدە نامازغا تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن تاھارەتكە سۇ تەييارلىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇنى كۆرۈپ ئايالىدىن:

ــــ تاھارەت سۈيىنى كىم تەييارلىدى؟ ــــ دەپ سورىدى.

ــــ ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى، ــــ دەپ جاۋاپ بەردى ئايالى. رەسۇلۇللاھ ﷺ قولىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه نىڭ مۈرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن:

ــــ ئى الله! ئۇنى دىندا فىقھى ئالىم قىلغىن، ئۇنىڭغا تەپسىر ئىلمىنى ئۆگەتكىن، ــــ دەپ دۇئا قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه بۇ دۇئانىڭ بەرىكىتىدىن فەقىھلەرنىڭ ئىمامى، مۇپەسسىرلەرنىڭ سەردارى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ئوغلۇمغا ۋەسىيەت

بۇرادىرىمىز ئۇبەيدۇللاھ رحمه الله نىڭ ئوغلىغا يازغان ۋەسىيىتى

الله قا ھەمدىلەر، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن!

سۆيۈملۈك ئوغلۇم، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ سېنى شۇنچىلىك كۆرگۈم كەلدى. شۇ تاپتا ئاپاڭ ئىككىمىز كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ، سېنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان فىلىمىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. ھەر ئىككىلىمىزنىڭ كۆزىدە ياش، ساڭا بولغان مۇھەببىتىم ۋە سېغىنىشىم تۈپەيلى كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ.

ئوغلۇم، سېنى شۇنچىلىك سېغىندىم، سەنمۇ سېغىندىڭمۇ؟ سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىمنى بىر الله ۋە ئۆزۈملا بىلەتتىم. شۇ تاپتا ساڭا بۇ خەتلەرنى يازغاچ كۆز ياشلىرىمنى پەقەتلا توختىتالمايۋاتىمەن. سېنىڭ چۈچۈك تىللار بىلەن توختىماستىن «دادا! ئاپا!» دېيىشلىرىڭ قۇلىقىم تۈۋىدە خۇددى چاقماق چاقىقاندەك قەلبىمنى لەرزىگە سېلىۋاتىدۇ. سەن بۇدرۇققىنە پۇتلىرىڭ بىلەن يەردە ئەمەس بەلكى يۈرىكىمدە مېڭىۋاتىسەن، سەن بۇدرۇققىنە قوللىرىڭ بىلەن ئويۇنچۇقلىرىڭنى ئەمەس بەلكى يۈرىكىمنى تۇتۇۋاتىسەن.

ئوغلۇم، بىلەمسەن؟! سەن تۇغۇلغان شۇ پەيتلەردە، سەن يىغلىغان، بىز ھەممىمىز كۈلگەن ئىدۇق. ساڭا ناھايىتى زور ئۈمىدلەرنى پۈتكەن ئىدۇق. سېنى دىنىني ۋە پەنني جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەربىيىلەپ، الله نىڭ دىنىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىيالايدىغان بىلىملىك، تەقۋادار، شىجائەتلىك مۇجاھىد قىلىپ تەربىيىلىمەكچى ئىدۇق. بىراق تەقدىر شۇ ئىكەن، ئىمكانىيەت يار بەرمىگەنلىكى سەۋەبلىك، نارەسىدە ۋاقتىڭدىلا سېنى الله قا تاپشۇرۇپ ھىجرەتكە ئاتلاندۇق. سېنى ئەسلەپ نەچچە رەت كۆزۈمگە ياش ئالغانلىقىمنى، نەچچە رەت الله قا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغانلىقىمنى بىلمەيمەن. سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ الله ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىقى ئاجايىپ قۇربانلىق ئىكەن. ئۇ الله ئۈچۈن قىرىغان ۋاقتىدا ناھايىتى تەسلىكتە ئېرىشكەن يۈرەك پارىسىنىڭ گېلىغا پىچاق سۈرگەن ئىكەن. بىزنى ھەم شۇ خىل سىناقلار بىلەن سىناپ، سابىت تۇرغۇزغان الله قا ھەمدىلەر بولسۇن! الله ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلسۇن! چۆچۈردەك ئۈچ - تۆت ھەتتا ئالتە - يەتتە باللىرىنى ئايالى بىلەن قويۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان بۇرادەرلەرنى ئويلاپ سەۋر قىلىپ قالىمەن. الله ھەممىمىزگە سەۋر ئاتا قىلسۇن!

ئوغلۇم، بەلكىم ئۇياقتا قارىساڭ سېنى ئەركىلىتىپ ئوينىتىدىغان داداڭ يوق، بۇياقتا قارىساڭ قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ، كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇرىدىغان مېھرىبان ئاپاڭ يوق، تازا غېرىبسىنىۋاتقانسەن. يۆلىنىدىغان تېغىڭنى، ياپرايدىغان بېغىڭنى ئىزدەپ تەمتىرەش ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا تەلپۈنۈۋاتقانسەن. بىزگە بولغان سېغىنىشلىرىڭنى سىرتىڭغا چىقىرالماي غەمكىن بولۇۋاتقانسەن.

ئوغلۇم، غەمكىن بولما! سەۋر قىل! ئاپاڭ ئىككىمىز شۇ تاپتا بالىنى ئانىدىن، ئانىنى بالىدىن، ئەرنى ئاياللىرىدىن ئايرىۋاتقان؛ ئىللىق ئائىلىلەرنى خانىۋەيران قىلىۋاتقان ئىپلاس كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپلەردە يۈرۈۋاتىمىز. بىز شۇ تاپتا ساختا شۆھرەتلەر بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرگەن نىجىسلارنىڭ باتىل تەختلىرىنى الله نىڭ ئىزنى بىلەن كۇكۇم - تالقان قىلىش ئۈچۈن يېڭىمىزنى تۈردۇق. دەپسەندە بولۇۋاتقان «كلام الله»نىڭ شەرىپىنى قوغداش، خار بولۇۋاتقان ئىلاھىي دىنني ئەزىز قىلىش ئۈچۈن بېلىمىزنى باغلىدۇق؛ ساڭا ئوخشاش ئاتا - ئانىسىنى ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە تەلمۈرۈۋاتقان نارەسىدىلەرنى ئاتا - ئانىسى بىلەن جەم قىلىش، ئىپپەت - نومۇسى دەپسەندە بولۇۋاتقان سان - ساناقسىز ھەمشىرىلىرىمىزنى ۋە قاراڭغۇ كامېرلاردىكى قىيىن - قىستاقلاردا ئېچىنىشلىق ئىڭراۋاتقان غېرىب بۇرادەرلىرىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارلىقىمىزنى ئاتىدۇق؛ رەسۇلۇللاھ ﷺ باشلاپ بەرگەن، تاكى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان جىھاد كارۋىنىغا قوشۇلدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ تەكرار-تەكرار ئارزۇ قىلغان شەھىدلىككە تەلپۈندۇق؛ دۇنيانىڭ قىسقىغىنە ئەرزىمەس ماتالىرىغا ئەمەس بەلكى مەڭگۈلۈك راھەت - پاراغەت ماكانى بولغان جەننەتكە قىزىقتۇق؛ رەزىل كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادىلا ئىشلەيدىغان ۋاقىتلىق قىيىن - قىستاقلىرىدىن ئەمەس بەلكى الله نىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى دائىمىي ئازابىدىن قورقتۇق؛ الله نىڭ بەندىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تاغۇت - كاپىرلارغا ئەمەس بەلكى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله قا بويسۇنۇپ ياشاشنى تاللىدۇق؛ ئەرزىمەس دۇنياغا ئاخىرەتلىكىنى تېگىشكەن ئازغۇن ئىنسانلار كەبى ئەمەس بەلكى جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى جەننەت بەدىلىگە الله قا ساتقان ساھابىلەر كەبى ياشاشنى ئىرادە قىلدۇق؛ قورساق غېمى بىلەن ئوقۇرىنى ئايلىنىپ بىر ئۆمۈر ياشايدىغان ھايۋان كەبى ئەمەس بەلكى ئۆز ئەقىدىسى ۋە ئۆز دىنى ئۈچۈن ياشايدىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى پىدا قىلالايدىغان مەرد ئوغلانلار كەبى ياشاشنى ئىرادە قىلدۇق؛ الله بەرگەن جان، مال ۋە قانلىرىمىزنى پەقەت الله ئۈچۈنلا سەرپ قىلىشنى، الله يولىدا ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە سابىت قەدەملەر بىلەن تۇرۇشنى ئىرادە قىلدۇق.

ئوغلۇم! مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، مانا بۇ بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز ۋە تاللىشىمىز. بەلكىم سەن بىلەن يۈز كۆرۈشكۈچە بىز شەھىد بولۇپ كېتەرمىز؛ بەلكىم سېنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ تۇرۇپ، ھىدلىرىڭنى ھىدلاش پۇرسىتى بۇ دۇنيادا نېسىپ بولماس؛ بەلكىم تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئۇكاڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئويناپ يۈرگەنلىكىڭلارنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماسمىز بىراق شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىزنى الله ياراتقان. بىزنىڭ جېنىمىز، مېلىمىز ۋە بارلىق نەرسىمىز الله نىڭكى. بىزگە بېرىلگەن بارلىق نېئمەتلەر الله تەرىپىدىن بېرىلگەن شۇڭا بۇ نېئمەتلەر پەقەت الله ئۈچۈن سەرپ قىلىنىشى كېرەك. بۇ قوللار الله ئۈچۈن قورال كۆتۈرۈشى، بۇ پۇتلار الله ئۈچۈن تاغلار ئېشىشى، بۇ كۆزلەر الله ئۈچۈن ئىسلام چېگرالىرىنى قوغداپ رىباتتا تۇرۇشى، بۇ ئېغىزلار الله نىڭ زىكرى بىلەن نەملىنىپ تۇرۇشى ۋە الله تەرەپكە دەۋەت قىلىپ تۇرۇشى، بۇ قەلبلەر شېرىك ۋە رىيادىن ساقلىنىپ الله ئۈچۈن خالىس تۇرۇشى كېرەك.

مانا بۇ داداڭنىڭ ۋەسىيىتى، ئاپاڭنىڭ ئارزۇسى. ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ رەببىمىزدىن شۇنى تىلەيمىزكى، ئۇلۇغ الله خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋن ھوزۇرىدا ئۆز رەھمىتىگە ئالغىنىدەك سېنى ھەم ئۆز رەھمىتىگە ئالسۇن! خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى خۇدالىق داۋاسى قىلىدىغان زالىم، كاپىرنىڭ ھوزۇرىدا ھىدايەت قىلغانىدەك، سېنى ھەم ھىدايەت قىلسۇن! خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئانىسىنىڭ غەمكىن بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەنىدەك، بىزنى ھەم بالدۇرراق جەم بولۇشقا نېسىپ قىلسۇن! سېنى ئىزىمىزنى بېسىپ جىھاد كارۋىنىنى داۋاملاشتۇرىدىغان، تاغۇتلار تەختىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان شىجائەتلىك مۇجاھىدلار قاتارىدىن قىلسۇن! (ئامىن)

■ جامائىتىمىز مۇجاھىدلىرى ئەنسار قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە 7- ئاينىڭ 31- كۈنى باشلىغان ھەلەبنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مۇھاسىرىدە قالغان مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش جېڭىدە نۇرغۇن فەتھلەرگە ئېرىشىپ، الله نىڭ ياردىمى بىلەن 8- ئاينىڭ 8- كۈنى مۇھاسىرىنىڭ بىر قىسمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بۆزۈپ تاشلىغاندىن كېيىن مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە بەشار ئەسەد ئارمىيىسى فەتھ بولغان 1070 شۆبە رايون، مەخرۇقات ئېگىزلىكى قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە مۇجاھىدلار تەرەپكە ئىلگىرىلىگەن. الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قىلىشى بىلەن بۇ تاغۇتلار ئۆزلىرى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە نۇرغۇن ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدىن تارتىپ ئافغانىستاننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدە ھۇجۇم كۆلىمىنى زورايتقان بولۇپ، ھىلمەند ۋىلايىتىدە «ئۇمەرىيە» ناملىق ھۇجۇملاردا كۆپ جايلار فەتھ بولغان. ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ 8- ئاينىڭ 9- كۈنى تارقاتقان خەۋىرىدە، مۇجاھىدلار ئېغىر ۋە يېنىك تىپتىكى قوراللار بىلەن ھىلمەند ۋىلايىتىنىڭ ناۋا مەنتىقىسىدە مۆمىنخان، شىنتەل ۋە تەنغانۇ قاتارلىق چوڭ ئۈچ ئەسكىرىي بازا، 7 بىخەتەرلىك پونكىتلىرىنى ئىگىلىگەن. جەڭ جەريانىدا مۇرتەد ئەسكەرلەردىن كۆپلىگەنلىرى ئۆلگەن ۋە ئەسىرگە چۈشكەن. ئافغانىستان ھۆكۈمەت تەشۋىقاتىنىڭ خەۋەرلىرىدە: «ھىلمەند ۋىلايىتىدە بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە 575 نەپەر ئەسكەر ئۆلۈپ، يۈزلىگەن ئەسكەر تالىبانلارغا ئەسىرگە چۈشكەن» دېيىلگەن. مۇجاھىدلار ھىلمەند ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى ۋە ئۈچ ناھىيىسىدىن باشقا بارلىق جايلىرىنى فەتھ قىلغان بولۇپ، نۆۋەتتە بۇ ئۈچ ناھىيە ۋە ۋىلايەت مەركىزىگىمۇ تەڭلا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. بۇ ھۇجۇملاردا تانكا، برونېۋىك، ماشىنا ۋە ھەر خىل تىپتىكى توپ قوراللار غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ تۈركىيە ئاخباراتلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 8- ئاينىڭ 11- كۈنى (پەيشەنبە) چۈشتىن كېيىن خۇبېي ئۆلكىسى داڭياڭ شەھىرىدىكى بىر ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى زاۋۇتىنىڭ پار تۇرۇبىسى پارتلاپ 21 ئادەم ئۆلۈپ، 5 ئادەم يارىلانغان.

■ ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 8- ئاينىڭ 14- كۈنى چۈشتىن كېيىن سۈرىيە مۇداپىئە مىنىستىرى فاھاد جاسىم ئەل فرەيج ختاي مەركىزى ھەربىي كومىتېتى خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىق ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گۇەن يوفېي باشچىلىقىدا زىيارەتكە كەلگەن ۋەكىللەر ئۈمىكى بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ قېتىمقى زىيارەتتە ختاي تەرەپ سۈرىيىگە 5000 ئەسكەر كىرگۈزىدىغانلىقىنى قارار قىلغان ۋە ئىككى دۆلەت ئادەم تەربىيىلەش، سۈرىيىگە ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە كېلىشىم تۈزگەن.

■ 8- ئاينىڭ 17- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز شەھىرى، خانئاباد، تاشھاردارا دېگەن جايلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. ھۇجۇم باشلىنىپ 8- ئاينىڭ 18- كۈنگىچە 5 ئورۇندىكى كىچىك ئەسكىرىي بازا فەتھ قىلىنىپ، 4 دانە تانكا، 2 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران قىلىنغان. 50 نەچچە ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. 8- ئاينىڭ 18- كۈنى ئەتىگەندە خانئاباد رايونىغا جايلاشقان ئەڭ چوڭ بىر ئەسكىرىي بازا فەتھ قىلىنغان. تاغۇت قوشۇنلىرى بۇ جەڭلەردە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بولۇپ، جەڭ ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئالدىنقى سەپلەردە بىرىنچى تېببىي ياردەمگە قۇلاي بولۇشى ئۈچۈن ئۈنسىمان ئېرىگۈچى دورىلار ۋە ئۇنىڭ ئېرىتكۈچىسى توغرۇلۇق ئالاھىدە جەدۋەل تۈزۈۋالساقمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

Seftriaxonl（头孢曲松)
Cefazoline（头孢唑啉)

بۇ ئىككى خىل ئۈنسىمان ئېرىگۈچى دورىلارنى تۆۋەندىكى ئېرىتكۈچى سۇيۇقلۇقلارنىڭ ھەر قاندىقىدا ئېرىتىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

0.5%Lidocaini HCI	3mL ياكى 2.5mL
1%Lidocaini HCI	3mL ياكى 2.5mL
0.9%NaCI（生里盐水）	3mL
Water for injection	3mL
Diclofenac sodium	3mL

ئېرىتكۈچى سۇيۇقلۇقنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەگەر ئۇ ئامپۇل بولسا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىز بويىچە ئامپۇل بېشىنى سۇندۇرۇپ، چېقىپ تەييارلايمىز. ئەگەر ئۇ كىچىك پىلاسماسا قۇتىلىق بولسا بېشىنى پىقىرتىپ ئۈزۈپ ياكى پىچاق بىلەن كېسىپ تەييارلايمىز. پىلاسماسا خالتىلىق بولسا شپىرىسقا بىۋاستە سۈمۈرتىمىز.

ئېرىتكۈچى سۇيۇقلۇقنىڭ ئېغىزىنى ئېچىۋالغاندىن كېيىن تەييارلىۋالغان شپىرىسقا ئۇنى يېتەرلىك مىقداردا سۈمۈرتۈپ ئالىمىز (يەنى كۆپ بولسا ئاشۇرۇپ قويىمىز، ئاز بولسا ئىككىنچى ئېرىتكۈچى سۇيۇقلۇقتىن تولۇقلايمىز). ئۇنى سۈمۈرتۈشتە سۇيۇقلۇق قېپىنى يانتۇراق تۇتىمىز ھەمدە شپىرىس يىڭنىسىنى قۇتا دىۋارىغا قاتتىق بېسىپ تەگكۈزمەيمىز، بولمىسا ياكى يىڭنىنى ئىگىۋالىمىز، ياكى گاللاشتۇرۇۋالىمىز.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

سۆزلۈكلەر		جۈملىلەر	
سَفِيْهٌ	ئەقىلسىز	هُمْ عُقَلاءُ	ئۇلار ئەقىللىق
سُفَهَاءُ	ئەقىلسىزلەر	هِيَ سَفِيْهَةٌ	ئۇ (ئاياللىق) ئەقىلسىز
ذَكِيٌّ	زېرەك	هُنَّ سَفِيْهَاتٌ	ئۇلار (ئاياللىق) ئەقىلسىز
اَذْكِيَاءُ	زېرەكلەر	اَنْتَ ذَكِيٌّ	سەن زېرەك
غَبِيٌّ	دۆت	اَنْتُم اَذْكِيَاءُ	سىلەر زېرەك
اَغْبِيَاءُ	دۆتلەر	اَنْتِ غَبِيَّةٌ	سىز (ئاياللىق) دۆت
سَمِيْنٌ	سېمىز	اَنْتُنَّ غَبِيَّاتٌ	سىلەر (ئاياللىق) دۆت
سِمَانٌ	سېمىزلەر	اَنَا سَمِيْنٌ	مەن سېمىز
نَحِيْفٌ	ئورۇق	نَحْنُ سِمَانٌ	بىز سېمىز
نِحَافٌ	ئورۇقلار	هَذه الْمَرْأَةُ نَحِيْفَةٌ	بۇ ئايال ئورۇق
قَوِيٌّ	كۈچلۈك	ذَاكَ الرَّجُلُ قَوِيٌّ	ئاۋۇ ئەر كۈچلۈك
اَقْوِيَاءُ	كۈچلۈكلەر	اُولَئِكَ الرِّجَالُ اَقْوِيَاءُ	ئاۋۇ ئەرلەر كۈچلۈك

ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته